# قېشىمىزدا بار خام ئالتۇننى ئەسلەپ مېنى نامازدىن مەشغۇل قىلىشىنى خالىمىدىم، شۇڭا تەقسىم قىلىپ بېرىۋېتىشكە بۇيرۇدۇم

ئۇقبە ئىبنى هارىس مۇنداق دېگەن: مەن مەدىنىدە رەسۇلۇللاھنىڭ ئارقىسىدا ئەسىر نامىزىنى ئوقۇدۇم. رەسۇلۇللاھ نامازدىن سالام بېرىپ بولۇپ، تېزلا ئورنىدىن تۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ، ئاياللىرىنىڭ بىرىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى. كىشىلەر رەسۇلۇللاھنىڭ تېز ھەرىكىتىدىن چۆچۈپ كېتىشتى، رەسۇلۇللاھ ئۇلارنىڭ قېشىغا چىقىپ قارىسا، ئۇلارنىڭ ھەيران قالغانلىقىنى كۆرۈپ: «بىزنىڭ قېشىمىزدا بار خام ئالتۇننى ئەسلەپ قالدىم، ئۇنىڭ مېنى نامازدا خىيال قىلدۇرۇپ مەشغۇل قىلىشىدىن ئەنسىرەپ، بۆلۈپ بېرىۋېتىشكە بۇيرۇدۇم»دېگەن. يەنە بىر رىۋايەتتە: «مەن ئۆيدە سەدىقىدىن كەلگەن خام ئالتۇننى قويۇپ قويغان ئىدىم، ئۆيۈمدە بىر كۈن تۇرۇپ قېلىشىنى خالىمىدىم» دېگەن

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [بۇخارى"سەھىھۇل بۇخارى"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

ھەزرىتى ئۇقبە ئىبنى ھارىس بىر كۈنى ئۆزىنىڭ رەسۇلۇللاھ بىلەن بىرلىكتە ئەسىر نامىزى ئوقۇغانلىقىنى رىۋايەت قىلىدۇ. رەسۇلۇللاھ نامىزىنى تۈگىتىپ بولۇپ تېز ئورنىدىن تۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ بويۇنلىرىدىن ئاتلاپ، بەزى ئاياللىرىنىڭ ھۇجرىسىغا قاراپ ماڭغاندا، كىشىلەر رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ تېز ھەرىكىتىدىن ئەنسىرەپ قالغان. رەسۇلۇللاھ ئۆيىدىن چىقىپ كىشىلەرنىڭ ھەيران قالغانلىقىنى كۆرۈپ، سەۋەبىنى بايان قىلىپ، تەقسىم قىلىنىشقا تېگىشلىك تېخى قۇيۇلمىغان بىر ئالتۇن پارچىسىنى نامازدا ئەسلىگەنلىكى ۋە بۇنىڭ بۇندىن كېيىن نامازدا ئاللاھقا يۈزلىنىشتىن ئويغا سېلىپ نامازغا تەسىر يەتكۈزمەسلىكى ئۈچۈن تەقسىم قىلىۋېتىشكە بۇيرۇغانلىقىنى ئېيتىپ بەرگەن

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/3483

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee